يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

خاس كەسىپ زور مىقداردا جۇغلاپ ئاز - ئازدىن ئىشلىتىش

(بېشى 1 - بەتتە)

قىسمەن رايونلاردا ھەتتا يېرىمىدىن كۆپرەككە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باغ - ئورمانچىلىق مېۋىلىرىنى شىنجاڭ ئىچى - سىرتىغا سېتىشتىكى «ئىككى تور»نىڭ پائال قۇرۇلۇشى شىنجاڭ باغ - ئورمانچىلىقىنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرىدىكى ئۈلۈشىنى پۇختا قەدەم بىلەن كېڭەيتىشكە شارائىت يارىتىپ بەردى.

بەش يىلدىن بۇيان، نەچچە مىليون كىشىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ زور كەسىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئېكولوگىيە توسۇقى بەرپا قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىدىكى مۇھىم تۈتقىغا ئايلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەن چوڭقۇر ھۆكۈمىنى شەرھلىمەكتە.

يالغۇز باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىلا ئەمەس، بۇ بەش يىلدا زاراڭزا يېغى، ئەتىرگۈل، كۈركۆمگۈل، ئورگانىك كالا - قوي گۆشى، تاتلىق سۇ بېلىقچىلىقى، تۆگە سۈتى قاتارلىق «خاس» مەھسۇلاتلارمۇ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسى ۋە داڭقى تەدرىجىي ئېشىپ، بازارنىڭ كېڭىيىشى چوڭقۇرلۇششقا قاراپ يۈزلەندى.

«شىنجاڭ توقچى»دىن ئىبارەت قارا تۇلپارنىڭ تۇيۇقسىز مەيدانغا چىقىشىدىن، كۇچا چوڭ نېنىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ يېڭىلاشقىچە؛ پەقەت ئۆز جايىدا كۆندىلىك سېتىلىشتىن، توردا ۋە تور سىرتىدا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىشكىچە؛ كىچىك ناۋايخانىلاردا يېقىلغان يەككە تۈرلەردىن، ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىلغان مول تۈرلەرگىچە... شىنجاڭ نانچىلىق كەسپى «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە زورىيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭ خاس يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تومۇرىنى تەسۋىرلىمەكتە ــ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، خاس يېڭى تۈرلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى؛ بايلىقنى بىرىكتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ سۈپەتلىك ماركا يېتىلدۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بازىرىنى تىرىشىپ ئاچتى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئۆزلۈكسىز سۈپەتلىك ماركا ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرماقتا.

تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش

ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى

شىنجاڭدا، زۇكام جەۋھىرى ھەممە ئادەم بىلىدىغان مىللىي تېبابەت دورىسى سۈپەتلىك ماركىسىغا ئايلاندى. ئۇنى ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت شىنجاڭ يىندولەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى بىر مەزگىل مەھسۇلاتنىڭ يەككىلىكى سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى، كېيىن پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ گۈللىنىش يولىغا ماڭدى. يېڭى تېپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان مۇرەككەپ يىزىخو ئەمىنى جەۋھىرى جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش لايىھەسىدىكى خاس مىللىي دورا قىلىپ تاللاندى.

نۆۋەتتە، يىندولەن ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭنىڭ خاس مىللىي تېبابىتى دورىلىرىنى تېرىش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە تەتقىق قىلىپ ئېچىش قاتارلىق كەسىپ زەنجىرى بىر گەۋدىلەشكەن زامانىۋى كارخانىغا ئايلاندى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ مىللىي تېبابىتى دورىگەرلىك كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، 2019 - يىلىغا قەدەر، شىنجاڭنىڭ خاس مىللىي دورىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە %23لىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ، شىنجاڭدىكى مەھسۇلات قىممىتى ئەڭ تېز ئاشقان كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

قومۇل شەھىرىدە، شىنجاڭ شياڭشېڭ يېڭى ماتېرىيال پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 20 مىڭ توننا تىتان ھەم تىتان قېتىشمىسى ئىشلەپچىقىرىش يېڭى ماتېرىيال تۈرىنىڭ يۈرۈشۈشى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى تىتان كانى، بۇلۇت تىتان، تىتان ماتېرىياللىرى، تىتان بۇيۇملىرىنى بىر گەۋدە قىلغان بولۇپ، ئاۋىياتسىيە ئالەم قاتنىشى جابدۇقلىرى، دېڭىز - ئوكيان قۇرۇلۇشى جابدۇقلىرى ھەم يۇقىرى تېخنىكىلىق پاراخوتلارنىڭ ئاچقۇچلۇق ئاساسىي ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ياسىمچىلىقنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، سانائەت ئالاقە تورى + ئىلغار ياسىمچىلىقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى - سانجى ۋە قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونىنى يادرو، قورغاس، قەشقەر قاتارلىقلارنى مۇھىم تۈگۈن قىلغان «ئىككى يادرو، كۆپ مەركەز» يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى سانلىق مەلۇمات بايلىقى بازىسىنى سىجىل بەرپا قىلدى.

«13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنى «قۇرۇلمىنى تەڭشەش، تېپىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»نىڭ مۇھىم تىرىكى قىلىپ، يىرىك پىلان بىلەن يېتەكلەش، سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، يۇقىرى دەرىجىلىك جابدۇق ياسىمچىلىقى، بىيو تېببىي دورا، ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت قوغداشنى ئاساس قىلغان ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەر تەرەققىيات سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

ئىستىقبالى چەكسىز بولۇش

بىر كەسپىنىڭ گۈللىنىشى ھەممە كەسپىنىڭ روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولدى

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، دۆلەت ئېگىز تاغدا قار تېيىلىش بويىچە كوللېكتىپ مەشىق قىلىش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭ گۇرۇپپىسى كۆكتوقاي ناھىيەسى كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانىغا بېرىپ كوللېكتىپ مەشىقنى قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك تېخنىكىلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇسابىقە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈردى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىلا كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانىدا قار تېيىلىش باشلانغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قار ھەۋەسكارلىرى بۇ يەرگە يىغىلغانىدى.

ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ شۈيشىگوۋ بازىرى ھەمدە لىنىيە بويىدىكى ھەرقايسى يېزا - بازارلاردىكى پۇقراۋى قونالغۇلارنىڭ لوبەنلىرىمۇ بەس - بەس بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قار تېيىلىش پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ قىشلىق ساياھەتچىلىكىمۇ باشلاندى.

ساياھەتچىلىك شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»دىن بۇيانقى بىردىنبىر گۈللەنگەن كەسپىگە ئايلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى سالمىقىنىڭ زورىيىشى ھەمدە قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي مەنزىرىسى مول، ئادەمىيەت ئاساسى قويۇق، ئىتتىپاق، مۇقىم شىنجاڭ ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ ياخشى تارىخىي مەزگىلنى كۈتۈۋالدى. شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، 100 مىليون، 150 مىليون، 200 مىليونغا يەتتى، 2017 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە، شىنجاڭنىڭ ساياھەتتە كۈتۈۋالغان ئادەم قېتىم سانى مۇھىم ئۆتكەلنى ئۈدا بۆسۈپ ئۆتتى.

«يىپەك يولى + قار - مۇز ساياھىتى + مىللىي ئۆرپ - ئادەت» مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ مايتاغ - كۇچا تاشيولى ساياھەت ئىتتىپاقى قۇرۇلدى، شىنجاڭ - شىزاڭ لىنىيەسى ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ئېچىلدى، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش لىنىيەسى ئىنچىكىلىك بىلەن بەرپا قىلىندى؛ ئىستىراھەت دەم ئېلىش ساياھىتى، ئۆرپ - ئادەت بايرىمىنى تەبرىكلەش ساياھىتى، قار - مۇز تەنھەرىكىتى ساياھىتى، يېزا - كەنت ساياھىتى، كۈتۈنۈش ساياھىتى قاتارلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرى موللىشىپ ۋە كۆپ خىللىشىپ، ساياھەت بازىرىدىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى.

يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى مەھسۇلاتلار بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەشكە ئەگىشىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى ئومۇمىي خەلق ساياھەت قىلىش ۋە شەخسلەر ساياھەت قىلىش، ئۆز ئالدىغا ساياھەت قىلىشنى ئاساس قىلغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، ساياھەتچىلىكنىڭ تارتىش كۈچى، يۇغۇرۇلۇش كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە مۇناسىۋەتلىك كەسىپ ۋە ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، «بىر كەسپىنىڭ گۈللىنىشى ھەممە كەسپىنىڭ روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولدۇ» دەيدىغان تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى شەكىللەندۈردى، چوڭ ساياھەت ئەندىزىسى تېز شەكىللەنمەكتە.

(بېشى 1 - بەتتە)

«پارتىيەنىڭ سىياسىتى ياخشى، بىز ئىككى ھۇجرا، بىر مېھمانخانىلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق، يەنە ھەر خىل ياردەم تولۇقلىمىسى بار، ھازىر مەن ھەر كۈنى ئۆيدە قۇرۇت تەييارلاپ ساتىمەن، ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپالايمەن».

مۇخبىرلار 70 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئۆينىڭ ناھايىتى پاكىز يىغىشتۇرۇلغانلىقىنى، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ قاتارلىقلارنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى، تورنىڭمۇ ئۇلانغانلىقىنى كۆردى.

«ھازىر بىز سۈيۈقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تاماق ئېتىۋاتىمىز، ئەمدى ئوتۇن قالمىساقمۇ بولىدۇ» دېدى ئوقان خۇشال ھالدا.

تامغا چاپلانغان كۆچۈرۈلۈشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىككى پارچە رەسىم مۇخبىرلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇنقى ئۆيى چوڭ تاشلاردىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، بىر پارچە لاتا «ئىشىك» قىلىنغانىدى.

«بۇنى ‹قىشلاق› دەيمىز، ئىلگىرى قىشتا ئوتلاق كۆچكەندە مۇشۇنىڭ ئىچىدە تۇراتتۇق.» ئوقان بۇرۇنقى ھېكايىلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ئوقان بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئىلگىرى تولى ناھىيەسىنىڭ كۆپ يېزىسى كۆكخادا كەنتىدە تۇرىدىغان بولۇپ، مال بېقىش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. ئۇ چاغدا پەسىلگە قاراپ ئوتلاق كۆچۈشكە توغرا كېلەتتى، جاپالىق بولۇپلا قالماي، يىل بويى ھېچقانچە پۇل يىغالمايتتى.

«قىشلاق» دېگەن سۆز چارۋىچىلار قىشتىن ئۆتۈش ئۈچۈن تۇرىدىغان جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شارائىت ناچار بولغاچقا، شامال چىقسا، تاش يوچۇقلىرىدىن شامال كىرىپ، ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ. بۇنداق جايلاردا سۇ ۋە توك يەتكۈزۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، تاماق ئېتىش، ئىسسىنىشتا پەقەت ئوتۇن قالاشقا توغرا كېلىدۇ. ئوتۇن تېرىش جاپالىق ئىش، بەزىدە قار - شۇۋرغانغا قارىماي سىرتقا چىقىپ، كۈنلەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۇنى دەريا بويىغا بېرىپ ئەكېلىشكە، ئىككى چېلەك سۇنى تېجەپ بىر قانچە كۈن ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

«چارۋا باققاندا قار - شۇۋرغانغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەڭ ئەنسىرەيتتۇق، قوي - كالىلار ئاسانلا يىتىپ كېتەتتى» دېدى ئوقان خورسىنغان ھالدا.

2017 - يىلى، ناھىيەدە يولغا قويۇلغان نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسىدا، ئوقان بىر ئائىلە كىشىلىرى تاغدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. «ھازىر تۇرمۇشىمىز بەك ياخشى، ئۆيدە سۇ، توك بولۇپلا قالماي، يەنە پارمۇ بار، قىشتا ئىسسىق. بۇنداق راھەت كۈنلەرنى بىز بۇرۇن ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتۇق، كوممۇنىستىك پارتىيە ‹ياخشى›!» دېدى ئوقان ھاياجانلانغان ھالدا.

پاراڭ ئارىلىقىدا مەھەللە خىزمەتچىلىرى ئوقانغا تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىپ كەلدى، ئەسلىدە ھۆكۈمەت مەھەللە ئەتراپىدا دۇكان سالغان بولۇپ، 5000 يۈەن تاپشۇرسىلا ئىزچىل ئىشلەتكىلى بولاتتى.

«ئەمدى مېنىڭمۇ دۇكىنىم بار بولدى، مەخسۇس ئۆزۈم تەييارلىغان قۇرۇت ۋە قولدا كەشتىلىگەن كەشتىلەرنى ساتىمەن، كىرىمىم چوقۇم تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.» ئوقاننىڭ چېھرىدە بەخت جىلۋىلەندى.

جەنلە ئابىسپىتمۇ ئوخشاشلا بەختلىك ئىدى. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئولتۇراق رايون دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا تاللا بازىرى ئېچىپ، ئېيىغا 3000 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلدى. ئېرى قاراماي شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن ئامانلىق ساقلاش خىزمىتى تاپتى، ئايلىق مائاشى 4500 يۈەن ئىدى.

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە رەھمەت، ئەر - خوتۇن ئىككىلىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار، مۇقىم كىرىمىمىز بار، ھازىر كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن غېمىمىز يوق» دېدى جەنلە.

تولى ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر جوۋ ۋېيخۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: تولى ناھىيەسى دېھقان - چارۋىچىلارنى كۆچۈرۈشتە «كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان» بولۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، جۇڭغار مەھەللىسى ھەم ئەتراپىتىكى پىششىقلاش كارخانىلىرى، سودا، ئەشيا ئوبوروتى، ئامباردا ساقلاش قاتارلىق كەسىپلەر ۋە قاراماي شەھىرىنىڭ يىلىغا نەچچە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى بازىرىغا ئېھتىياجلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ، جۇڭغار مەھەللىسىدە كوللېكتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوقۇش، داۋالىنىش، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق جەمئىيەت ئىشلىرى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ، كۆچۈرۈلگەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ شەھەر ئاھالىسىگە قاراپ تېپ ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدى.

ئىگىلىنىشچە، تولى ناھىيەسى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش سىياسىتى بىلەن نامراتلارنى يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئېگىز ھەم سوغۇق تاغلىق رايون، چەت - ياقا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان 925 ئائىلىلىك نامرات دېھقان - چارۋىچىنى نۇقتىلىق شەھەر - بازار، سانائەت باغچە رايونى ۋە يېزا - بازار ئولتۇراقلىشىش نۇقتىسىغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھويلا - ئاران باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلىگەن، ھازىرغىچە 2167 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، كۆچۈرۈلگەن دېھقان - چارۋىچىلار بەختلىك، خاتىرجەم، مۇقىم يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يىللىق كېڭەشىش پىلانىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، كېڭەشىش مەزمۇنى ۋە شەكلىنى بېيىتىپ، ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، كېڭەشىش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كېڭەشىش نەتىجىلىرىنى ئۈنۈملۈك ئايلاندۇردى. كېلەر يىلى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ باشلىنىش يىلى، كېڭەشىش پىلانى تۈزۈش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس تېمىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى ۋە ئايلىق كېڭەشىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى تاللاشتا، تېمىنى دەل جايىدا تاللاش، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئەگىلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى مۇكەممەل، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش تەلپىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، كېڭەشىش پىلانى(لايىھە)نى تېزدىن تۈزۈپ ياخشى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كېڭەشىش خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى قىلىپ، بېرىلگەن مەسلىھەتنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كېڭەشىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن، سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى 10 - ئاينىڭ بېشىدا كېڭەشىش قارالمىسى توپلاش ئۇقتۇرۇشى چىقاردى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەر، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى ھەم شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بۇنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى قىيىن نۇقتىلار ھەم جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتىكى قىزىق نۇقتىلارنى چۆرىدەپ، ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نۇقتىلىق كېڭەشىش قارالمىلىرىنى پائال ئوتتۇرىغا قويدى. 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى 2021 - يىللىق كېڭەشىش قارالمىسى تەكلىپىدىن جەمئىي 349نى تاپشۇرۇۋالدى، ئەستايىدىل رەتلەپ تاللاش ئارقىلىق، كۆرسىتىلىدىغان كېڭەشىش قارالمىسى تەكلىپى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىزاھات بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىلھام سابىر يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ھەم كەنت تازىلىقى ھەرىكىتى قىشلىق جېڭىنى سىنلىق ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» «مەملىكەتلىك يېزا ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»نى ئاڭلاپ ئۆتتى، «ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئەمەلىي نەتىجىسىنى باھالاشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» قاتارلىقلارنى قاراپ چىقتى، ھازىرقى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا ئالاقىدار نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسى. ھازىر، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۈچ يىللىق ھەرىكەت خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ، يەكۈنلەپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، قىشلىق كەنت تازىلىقى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى بالدۇر پىلانلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئەمەلىي نەتىجىسىنى باھالاشتىن ئىبارەت بۇ «دىرىژورلۇق تايىقى»دىن ياخشى پايدىلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسىنى باھالاش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، باھالاش كۆرسەتكۈچلىرىنى ئاددىي، ئاسان يولغا قويغىلى بولىدىغان قىلىپ بېكىتىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى باھالاشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش كېرەك. پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئادىل، دۇرۇس بولۇپ، باھالاش خىزمىتى ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، مەخسۇس كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، باھالاش نەتىجىسىنىڭ ئادىللىقى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزىلاردىكى ئۆيلۈك يەر ۋە تۇرالغۇ دېھقانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مال - مۈلكى، يېزا ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتى ھەر مىللەت دېھقانلار ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك. مەملىكەتلىك يېزا ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، يەرنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقىدىن بۆسۈپ ئۆتمەسلىك، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقتىن ئىبارەت بۇ «ئۈچ تۆۋەن چەك»نى مەھكەم ساقلاپ، نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە، شەھەرلەرگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇقىم ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىنى ئالدى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ئۆتتۈنۈپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى مۇقىم ئاشۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى مەركەزلىك قوللاپ، يېزا - كەنت سىلىنمىسىغا كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى، يېزا - كەنت ئىختىساسلىقلىرىغا تىرەك بولۇش سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى مۇلازىمەت سىستېمىسى، يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپلەرنى چوڭقۇر تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تۈزۈش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، تەپەككۇرى ئېنىق، نىشانى ئايدىڭ، تەدبىرلىرى ئەمەلىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەپ، رەتلەپ، قىش، ئەتىيازلىق ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەت نىشان - ۋەزىپىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كېلەر يىللىق خىزمەتلەردە ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى باغرىجىباڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)